# شىنجاڭ گېزىتى

2019 ـ يىل 9 ـ ئاي
30
دۈشەنبە
维吾尔文 9月30日

新疆日报网: www.xjdaily.com   شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
CN 65−0002/−W مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى:

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1−57   ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com   24834 ـ سان   بۈگۈن 4 بەت


**شى جىنپىڭ تېلېگرامما ئەۋەتىپ، جۇڭگو ئاياللار ۋالىبول كوماندىسىنىڭ 2019 ـ يىللىق دۇنيا لوڭقىسى ئاياللار ۋالىبول مۇسابىقىسىدە چېمپىيون بولغانلىقىنى تەبرىكلىدى** 3 ـ بەتتە

**شى جىنپىڭ پاپۇئا يېڭى گۋىنېيەسى تىكتاك توپ تەنھەرىكەتچىسىگە جاۋاب خەت يازدى** 3 ـ بەتتە

# جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى دۆلەت ئوردېنى ۋە دۆلەت شەرەپ نامى بېرىش مۇراسىمى بېيجىڭدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى

## شى جىنپىڭ دۆلەت ئوردېنى ۋە دۆلەت شەرەپ نامىغا ئېرىشكۈچىلەرگە ئوردېن، مېدال بەردى ھەم مۇھىم سۆز قىلدى

## لى كېچياڭ، لى جەنشۇ، ۋاڭ ياڭ، جاۋ لېجى، خەن جېڭ، ۋاڭ چىشەن قاتناشتى   ۋاڭ خۇنىڭ رىياسەتچىلىك قىلدى




9 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى دۆلەت ئوردېنى ۋە دۆلەت شەرەپ نامى بېرىش مۇراسىمى بېيجىڭ خەلق سارىيىنىڭ ئالتۇن رەڭلىك زالىدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. شى جىنپىڭ قاتارلىق پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرى دۆلەت ئوردېنى ۋە دۆلەت شەرەپ نامىغا ئېرىشكۈچىلەر بىلەن سۈرەتكە چۈشتى.

□شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى پاڭ شىڭلېي فوتوسى



9 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى دۆلەت ئوردېنى ۋە دۆلەت شەرەپ نامى بېرىش مۇراسىمى بېيجىڭ خەلق سارىيىنىڭ ئالتۇن رەڭلىك زالىدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ دۆلەت ئوردېنى ۋە دۆلەت شەرەپ نامىغا ئېرىشكۈچىلەرگە ئوردېن، مېدال بەردى ھەم مۇھىم سۆز قىلدى.

□شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى جۇ پېيڭ فوتوسى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىرلار زوۋ ۋېي، خۋاڭ يۈ)** جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى دۆلەت ئوردېنى ۋە دۆلەت شەرەپ نامى بېرىش مۇراسىمى 9 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن بېيجىڭ خەلق سارىيىنىڭ ئالتۇن رەڭلىك زالىدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ دۆلەت ئوردېنى ۋە دۆلەت شەرەپ نامىغا ئېرىشكەنلەرگە ئوردېن، مېدال بەردى ھەم مۇھىم سۆز قىلدى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: قەھرىمانلارنى قەدىرلىگەندىلا ئاندىن قەھرىمانلار مەيدانغا كېلىدۇ، قەھرىمانلاردىن بولۇشقا تىرىشقاندىلا ئاندىن قەھرىمانلار كۆپلەپ مەيدانغا كېلىدۇ. قەھرىمان نەمۇنىچىلار ئۆز ھەرىكىتى ئارقىلىق ئۇلۇغ نەتىجىنىڭ ئادەتتىكى ئىشتىن باشلىنىدىغانلىقىنى، ئاددىي ئىشلارنىڭ ئۇلۇغ نەتىجىلەرنى بارلىققا كەلتۈرىدىغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلىدى. پەقەت قەتئىي غايە ـ ئېتىقاد، بوشاشماي كۈرەش قىلىش روھى بولسىلا، ھەربىر ئاددىي ئىشنى پۇختا ياخشى قىلسىلا، بارلىق ئاددىي كىشىلەرنىڭ ھەممىسى قالتىس كىشىلىك ھاياتقا ئېرىشەلەيدۇ، بارلىق ئاددىي خىزمەتلەردە قالتىس نەتىجىلەرنى ياراتقىلى بولىدۇ. **(سۆزنىڭ تولۇق تېكىستى 2 ـ بەتكە بېرىلدى)**

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: بارلىق ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلەرنىڭ ھەممىسى داۋاملىق كۈرەش قىلىشنىڭ نەتىجىسى، بارلىق ئۇلۇغ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكىلەرگە يول ئېچىش داۋامىدا ئالغا سىلجىتىشقا ئېھتىياجلىق. يېڭى دەۋر مۇقەررەركى، پارلاق ئىستىقبالغا ئىگە دەۋر. پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلق قەھرىمان نەمۇنىچىلارغا ئوخشاش قەتئىي بولۇپ، قەھرىمان نەمۇنىچىلارغا ئوخشاش كۈرەش قىلىپ، يېڭى دەۋردىكى خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھەيۋەتلىك زەپەر مارشىنى ئورتاق پۈتۈشى كېرەك.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

# جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش چوڭ تىپتىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت كېچىلىكى «كۈرەش قىلايلى جۇڭخۇا ئوغۇل ـ قىزلىرى» بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى

## شى جىنپىڭ، لى كېچياڭ، لى جەنشۇ، ۋاڭ ياڭ، ۋاڭ خۇنىڭ، جاۋ لېجى، خەن جېڭ، ۋاڭ چىشەن كۆرۈشكە قاتناشتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىرلار لىيۇ خۋا، جۇ جىچەي)** 70 يىللىق ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىش، 70 يىللىق سەلتەنەتلىك مۇساپە. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش چوڭ تىپتىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت كېچىلىكى «كۈرەش قىلايلى جۇڭخۇا ئوغۇل ـ قىزلىرى» 9 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى كەچتە بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى. شى جىنپىڭ، لى كېچياڭ، لى جەنشۇ، ۋاڭ ياڭ، ۋاڭ خۇنىڭ، جاۋ لېجى، خەن جېڭ، ۋاڭ چىشەن قاتارلىق پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرى 4000دىن ئارتۇق تاماشىبىن بىللە ئويۇننى كۆرۈپ، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 70 يىلدىن بۇيانقى شانلىق مۇساپىنى ئورتاق ئەسلىدى، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ گۈزەل ئىستىقبالغا ئورتاق تىلەكداشلىق بىلدۈردى.

خەلق سارىيىنىڭ 10 مىڭ كىشىلىك زالىنىڭ ھەممىلا يېرى خۇشال كۈلكە سادالىرىغا تولغانىدى. ئىككىنچى قەۋەت كۆرۈش سۇپىسىدىكى لوزۇنكا ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى: يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرەيلى! خەلق سارىيىنىڭ تورۇسىغا رەڭگارەڭ چىرايلىق گۈللەرنىڭ سۈرەتلىرى پىروېكسىيە قىلىپ چۈشۈرۈلگەن بولۇپ، قىزغىن بايرام كەيپىياتى يارىتىلغانىدى. ئىككى قىزىل بايراق شەكلىدىكى سەھنە تېمى سەھنە ئالدىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان بولۇپ، 36 نەپەر ھۆرمەت قاراۋۇلى ئىككى تەرەپتە قاتار تۇرغانىدى.

سائەت 19 دىن 55 مىنۇت ئۆتكەندە، شادىيانە مۇزىكا ساداسى ئىچىدە، شى جىنپىڭ قاتارلىق رەھبىرىي يولداشلار زالغا كىرىپ، پېشقەدەم يولداشلار ۋەكىللىرى بىلەن سەممىي قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ، ئۇلارغا ئالىي ئېھتىرام بىلدۈردى، پۈتۈن مەيداندا قىزغىن ئالقىش ساداسى ياڭرىدى.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)



9 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش چوڭ تىپتىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت كېچىلىكى «كۈرەش قىلايلى جۇڭخۇا ئوغۇل ـ قىزلىرى» بېيجىڭ خەلق سارىيىدا ئۆتكۈزۈلدى. شى جىنپىڭ، لى كېچياڭ، لى جەنشۇ، ۋاڭ ياڭ، ۋاڭ خۇنىڭ، جاۋ لېجى، خەن جېڭ، ۋاڭ چىشەن قاتارلىق پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرى 4000دىن ئارتۇق تاماشىبىن بىلەن بىللە ئويۇننى كۆردى. ئويۇن ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، شى جىنپىڭ قاتارلىقلار سەھنىگە چىقىپ ئارتىس، خىزمەتچى خادىملار بىلەن سۈرەتكە چۈشۈپ خاتىرە قالدۇردى.

□شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى ۋاڭ يې فوتوسى

چىن چۈەنگو ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت ئاپپارات ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى يىغىنىدا مۇنداق تەكىتلىدى 3 ـ بەتتە

**يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ ئاپپارات ئىسلاھاتى نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، مۇقىملىق، تەرەققىيات خىزمىتىنىڭ يەنىمۇ يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلۈشىگە تۈرتكە بولۇش كېرەك**

چىن چۈەنگو ئاپتونوم رايونلۇق نامراتلارنى يۆلەش ـ روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى يىغىنىدا مۇنداق تەكىتلىدى 3 ـ بەتتە

**«ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش» نىشان ئۆلچىمىنى زىچ چۆرىدەپ ئىشەنچنى چىڭىتىپ، ھەققىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىش كېرەك**